# تـوي مۇراسـىملـىرىنى سۈرەتكە تارتـىش ۋە ۋىدىئوغا ئېلـىش ئىـسلام دىنـىمـىزدا چەكلەنگەنمۇ؟

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

شـەيخ مۇھەمـمەد ئـىبنى سالـىھ ئەلئۇسەيمـىيـن

تـەرجـىمە قـىلغۇچى: سـەيپـىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىـز

تـەكشۈرۈپ بېكـىتكۈچى: ن.تەمكـىنى

نەشـىر ھوقۇقى مۇسۇلـمانلارغا مـەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ هل تصوير الفيديو للزفاف حرام؟ ﴾

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# تويي مۇراسىملىرىنى سۈرەتكە تارتىش ۋە ۋىدىئوغا ئېلىش ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەنمۇ؟

10791- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن يېقىندا تويي قىلماقچى ئىدىم، تويي مۇراسىمىنى سۈرەتكە تارتىش ۋە ۋىدىئوغا ئېلىش ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەنمۇ؟، چۈنكى بىزنىڭ تويي مۇراسىمىمىزنى كۆرۈشنى ئىختىيار قىلغان دوستلىرىمىز بار، مۇراسىمىنى سۈرەتكە تارتماستىن ۋىدىئوغا ئالساق بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە شەرئىي چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

تويي مۇراسىملىرىدا ئاياللارنى سۈرەتكە تارتىش دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشلاردىندۇر، بۇ ئاپپارات بىلەن سۈرەت چېكىش ياكى ۋىدىئوغا ئېلىش يولى بىلەن بولسۇن ئوخشاشلا ھارامدۇر. بەلكى ۋىدىئوغا ئېلىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. سەھىھ ھەدىسلەردە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئايال كىشى ئېرىگە يات بىر ئايالنى خۇددى

كۆرۈپ تۇرغاندەك سۈپەتلەپ بېرىشتىن چەكلىگەن.» [بۇخارى رىۋايىتى]. ئەمما ۋىدىئوغا ئىلىش بولسا سۈپەتنىنى بايان قىلىپ بەرگىنىدىنمۇ ئوچۇقراق بولۇپ، ئۇ ئايالنى ھەقىقەتتە كۆرگەندەك بولىدۇ. (يەنى خىيال قىلىش ھاجەتسىز). بۇ پەقەت ئاياللارنىلا سۈرەتكە ئالغاندا شۇنداق. ئەگەر ئەر-ئايالار ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان مۇراسىملار بولسا، بۇنىڭ جىنايىتى سۈرەتكە تارتقانىنىڭ جىنايىتىدىن ئايرىم ۋە ئېغىر بولىدۇ. كۆپىنچە ئايالار ئادەتتە، ئولتۇرۇش ۋە توي مۇراسىمى قاتارلىق سورۇنلارغا يىغىلغاندا يىرىم يالىڭاچ كىيىملىرى بىلەن بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھالەتلىرىنى سۈرەتكە تارتىپ كىشىلەرگە تارقىتىش دېگەن گۇناھ-پاھىشە ئىشلارنى تۆۋەن كۆرۈپ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. گەرچە بەزى قىز-خانىملار مۇراسىملاردا سۈرەت ياكى ۋىدىئوغا ئېلىنىشنى ئىستىمىگەن ھالدا ۋە ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالەتتە تولۇق زىننەتلىرى بىلەن سۈرەتكە چىقىپ قالىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟، ئاللاھ ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاندىن كىيىن سۈرەتلىرى مۇراسىم فىلىملىرىدا تارقىتىلغان قىز-خانىملارچۇ؟. ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن يۇقىردا بايان قىلىنغان ئىشلارغا توي مۇراسىملىرىدا خەتەرلىك بولغان بەزى ئىشلارنى قوشۇپ قويماقچىمەن؛ بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، بەزى قىز-خانىملار مۇراسىمغا كەلگەنلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن سۈرەت تارتىش ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز بۇ مۇراسىم سۈرەتلىرىنى كىشىلەرگە تارقىتىشقا نېمە سەۋەپ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا سۈرىتى تارتىلغان ئاياللار رازى بولارمۇ؟ مېنىڭچە ھېچ قانداق ئايال بۇ ئىشقا رازى بولمايدۇ، ھېچ كىشى ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ بۇ شەكىلدە سۈرەتىنىڭ ئاشكارا بولىشىنى ۋە رەزىل كىشىلەرنىڭ خالىغاندا كۆرىدىغان ئويۇنچۇقى بولىشىنى ھەرگىزمۇ ياقتۇرمايدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى چىرايلىق بولسا پىتنە قوزغايدىغان ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا مەسخىرىگە ئۇچرايدىغان بولىشىغا رازى بولامسىلەر؟!.

بۇنىڭدىنمۇ ناچار بولغىنى: بەزى ئەخلاقسىزلار توي مۇراسىمىنى ئەمەلىي سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ۋىدىئو ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ سۈرەتكە ئېلىپ خالىغاندا ئۆزى ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىكەن،

يەنە بەزى يۇرتلاردا بىر بۆلەك ياشلار توي مۇراسىملىرىدا ئايرىم ياكى ئايالىلار بىلەن ئارىلىشىپ بىرگە تۇرۇپ سۇرەتلەرگە ئېلىشىدىكەن، ئەقلى هوشى جايىدا ۋە شەرىئەت هۆكۈملىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر بۇنداق ئىشنىڭ چەكلەنگەن هارام ئىش ئىكەنلىكىدىن شەك قىلمايدۇ، بۇ مىللى غۇرۇرىنى يوقىتىپ دىنسىزلارغا ئەگىشىپ ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتۇر.

ئەرەبىستاننىڭ ئۇنەيزە شەهىرىدىكى چوڭ مەسچىتتە بىر جۇمە كۈنى: توي مۇراسىمىدا چەكلەنگەن ئىشلار دېگەن تېمىدا سۆزلەنگەن خۇتبىدا شەيخ مۇنداق دېگەن: توي مۇراسىمىنى ئاپپارات بىلەن سۇرەتكە ئېلىشنىڭ قەبىھ-ناچار ئىش ئىكەنلىكىدىن، ئۆزلىرىنىڭ هەدە-سىڭىللىرى، ئاياللىرى ۋە قىزلىرىنىڭ سۇرەتلىرىنى رەزىل كىشىلەرنىڭ خالىغاندا كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقى بولىشىغا مۆمىن تۇگۇل ئەقلى جايىدا كىشىلەرمۇ رازى بولمايدۇ ۋە بۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكىدىن شەك قىلمايدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ناچار بولغىنى ۋىدىئوغا ئېلىش بولۇپ بۇ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچىگە جانلىق سۇرەتنى نامايەندە قىلىدۇ، بۇنداق ئىشنى ئىمانلىق، هايالىق، دىندا مۇستەهكەم تۇرىدىغان، ئەقىل پاراسەتلىك، مىللى غۇرۇرى بولغان كىشىلەرنىڭ

ھەممىسى ئىنكار قىلىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. [ئىككى ھەرەمدىكى ئالىملارنىڭ پەتىۋاسى ناملىق ئەسەر 439-بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

خۇلاسە: توي-توكۈنلەردە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەت ۋە ۋىدىئوغا ئېلىش دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.